3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

نىشان - ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش

—— ھەرقايسى جايلارنىڭ لېكسىيە ئۆمەكلىرى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى دەل جايىدا، جانلىق شەرھلىنىپ، كادىرلار، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلدى. ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سەپىدە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق لېكسىيە ئۆمىكى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە كورلا شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

بايىنغولىن ئوبلاستلىق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى(ئىسلاھات ئىشخانىسى)نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شيا يۈفېڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك لېكسىيە سۆزلىدى ۋە شەرھلىدى.

كورلا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى، دائىمىي مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى لى مېيلىڭ مۇنداق دېدى: «لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم، بىز يىغىن روھىنى تەشۋىق قىلىشنى بۈگۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، كورلا شەھىرىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ مەخسۇس تېما بويىچە تەربىيەلەپ، كاللىغا، قەلبكە ھەقىقىي سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرىمىز».

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە لېكسىيە دوكلاتى يىغىنى ساۋەن ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلدى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ناھىيە (شەھەر)لەر لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى كۇرسانتلارنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، لېكتور لى جيەنخۇا ئالتە جەھەتتىن لېكسىيە سۆزلىدى.

ساۋەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن دۇڭبىي مۇنداق دېدى: «بىز 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ھازىرقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، مەركىزىي گۇرۇپپا ئۆگىنىشى، مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىش - مۇھاكىمە قىلىش، پارتىيە دەرسى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، ياچېيكا ئۆگىنىشى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيەلىك كادىرلارنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزىدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش، يېڭى نەزەرىيەنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيمىز».

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئارشاڭ ناھىيەسىنىڭ كۆكتوخا نەسلىلىك چارۋا فېرمىسى ئومىستى ئەتىيازلىق، كۈزلۈك ئوتلاق مەيدانىدا «ئوتلاقتىكى چەۋەندازلار» لېكسىيە ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئاتلىق ئېگىز - پەس تاغ يولىنى بويلاپ شامالغا قارشى ئىلگىرىلەپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە يەتكۈزدى.

چارۋىچى قايشا ئائىلىسىنىڭ كىگىز ئۆيىدە، چوكنىبۇلاق ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، لېكسىيە ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى يېرمەك كېرىماخۇن ھازىر ۋە بۈگۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان - ۋەزىپىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ، كۆپچىلىككە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

يېرمەكنىڭ لېكسىيەسى نەق مەيداندىكى چارۋىچىلارنى روھلاندۇردى. قايشا مۇنداق دېدى: «بۇ بىر قانچە يىلدا تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى، قوي - كالىلىرىمىز يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، كىرىمىمىز يىلدىن - يىلغا ئاشتى، يەنە 80 كۋادرات مېتىرلىق ئەمىن ئۆي سالدۇق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۇقرالارغا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلدى».

«بۈگۈن، بىز نۇقتىدىن نۇقتىغا، يۈزتۇرا تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق چەت، يىراق چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلارنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋاقتىدا ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىش، بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردۇق. لېكسىيە ئەترىتىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خەلقپەرۋەر سىياسەتلىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەربىر چارۋىچى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈشتۇر» دېدى يېرمەك.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، «ئوتلاقتىكى چەۋەندازلار» لېكسىيە ئەترىتى مەركەزلىك لېكسىيە سۆزلەش، ئائىلىلەرگە كىرىپ لېكسىيە سۆزلەشنى 80 نەچچە مەيدان قېتىم قانات يايدۇردى.

(مۇخبىر شيا چىڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ چۈنلىن، بورتالا ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن لى مىڭشىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شۆ يۈنشاۋ، ليۇ ۋېي، بىلىك دەن)

(بېشى 1 - بەتتە)

باشتىن - ئاخىر دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى مۇقىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى، باشتىن - ئاخىر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سودا پۇرسىتىنى كېڭەيتىشىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چوڭ بازار، باشتىن - ئاخىر يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئىسلاھاتىنىڭ ئاكتىپ تۆھپە قوشقۇچىسى بولىدۇ.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ، بىز ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرىدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان باسقۇچ. جۇڭگو ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشكە ئىنتىلمەيدۇ، بىرى يېڭىش، يەنە بىرى يېڭىلىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ، يەنە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرمەيدۇ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بوشلۇق ئېچىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئېشىشىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ. بۇ، ھەرگىزمۇ بېكىنمە بولغان دۆلەت ئىچىدىكى ئايلىنىش بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش، بۇ، جۇڭگونىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدۇ. يېگانە گۈل ئاچسا پورەك، بەرمەس باھاردىن دېرەك، تولار زېمىن باھار پەيزىگە، بارچە گۈللەر ئاچقاندا پورەك. جۇڭگو باشتىن - ئاخىر تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەل قىلىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ ھەم دۇنيادىن تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئالىدۇ، ھەم جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

رەئىس شى جىنپىڭ ئاساسىي مەقسەت نۇقتىدا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى. جۇڭگو ئەركىن سودا سىناق رايونى، ئەركىن سودا پورتىنىڭ يېتەكلەش رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ئالاقە تورى قاتارلىق ساھەلەردە ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ؛ ئىمپورت كۆرگەزمىسى قاتارلىق ئېچىۋېتىلگەن سۇپىلار ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگودىكى سودا پۇرسىتىنى كېڭەيتىشنى داۋاملىق قوللاپ، تاشقى سودىنىڭ ئېشىش يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، خەلقئارا سودىنىڭ ئېشىشى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىدۇ؛ ئاشكارا، ئوچۇق بولغان چەتكە چېتىشلىق قانۇن سىستېمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چەت ئەل مەبلەغى كارخانىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى مۇھىت يارىتىدۇ؛ تېخىمۇ كۆپ دۆلەت بىلەن يۇقىرى ئۆلچەملىك ئەركىن سودا كېلىشىمىنى كېڭەيتىش ئىمزالاشنى خالايدۇ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى، ئاسيا - تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق مېخانىزم ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىدۇ، ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى پۇختا ئالغا سىلجىتىش مۇقەررەركى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ بازار پۇرسىتى، مەبلەغ سېلىش پۇرسىتى، ئېشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئورتاق تەرەققىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ بولۇپ، سىغدۇرۇشچان بولغاندىلا زورايغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن جۇڭگو دۇنيا بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھەمتۈرتكىلىكنى شەكىللەندۈرۈپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ۋە گۈللەنگەن جۇڭگو ۋە دۇنيانى بەرپا قىلىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، ھەمكارلىق ئۇرۇقىنى بىرلىكتە چېچىپ، تەرەققىيات مېۋىسىدىن ئورتاق ھوسۇل ئېلىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىشنى، دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشنى خالايدۇ!

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 - بەتتە)

يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چۆرىدەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش، مۇكەممەل يېزا ئىگىلىكى ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان تەسىر كۈچكە ئىگە باشلامچى كارخانىلارنى بەرپا قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچەپ، تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال سۇپا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاسىتە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاش تۇزىنى زاپاس ساقلاش ۋە باشقۇرۇش چارىسى»گە دەل ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىغا ئۇيغۇنلىشىشتىكى زۆرۈر تەدبىر، شۇنداقلا ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە ھۆكۈمەت قائىدىسى، مەمۇرىي قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتىنىڭ كونكرېت تەلىپى. ئالاقىدار تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاش تۇزىنى زاپاس ساقلاش ۋە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە كۈچەيتىپ، ئاش تۇزى بازىرىنى ماكرولۇق تەڭشەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاش تۇزى بىلەن مۇقىم تەمىنلەشكە ۋە بازار ئايلىنىشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل داۋالاش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش لايىھەسىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە ئەلالاشتۇردى. دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، ۋىرۇس نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش - داۋالاش دوختۇرخانىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمى كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتتى ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 14 يۇقۇملانغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشىلاندى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى نورمال بولۇپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە:

سۇ، توك، پار بىلەن نورمال تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىندى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا**

«سىز ئىنكاس قىلغان پار بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى خاتىرىلىۋالدۇق، دەرھال خىزمەتچى خادىم ئەۋەتىپ سىز بىلەن ئالاقىلىشىمىز.» 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قەشقەر خۇاشىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىسسىقلىق تورى چاقىرىش مەركىزىدە، تېلېفونىست ليۇ چيڭخۇا ئاھالىلەرنىڭ تېلېفونىنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىۋاتاتتى.

كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق شتابىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە، سۇ، توك، پار بىلەن نورمال تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

قەشقەر خۇاشىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قەشقەر شەھىرى، كوناشەھەر ناھىيەسى، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى ئەڭ چوڭ كارخانا. بۇ شىركەتنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ يەنبىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن بۇ شىركەت مۇددەتتىن ئالتە كۈن بۇرۇن پار بىلەن تەمىنلەشنى باشلاشنى پىلانلىغان.

«ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش پونكىتىمىزدىن جەمئىي 284ى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ چوڭ ئېكرانلاردىن ھەربىر ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش پونكىتىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى كۆرگىلى بولىدۇ.» قەشقەر خۇاشىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىسسىقلىق تورى ئورۇنلاشتۇرۇش - نازارەت قىلىش مەركىزىدە، ۋاڭ يەنبىن ئىسسىقلىق تورى نازارەت قىلىش سۇپىسىدىكى چوڭ ئېكراننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئاھالىلەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، شىركەت 24 سائەتلىك مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى تەسىس قىلىپ، پار بىلەن تەمىنلەشتە كاشىلا كۆرۈلگەن ھامان بىرىنچى ۋاقىتتا نەق مەيدانغا بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«تۈنۈگۈن بىز جەمئىي 26 ئورۇندىكى ئېقىپ كېتىش نۇقتىسىنى تۈگىتىپ، رېمونت قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق رېمونت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ پار ئىشلىتىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈردۇق» دېدى ۋاڭ يەنبىن.

«A فازا 22 سېلسىيە گرادۇس، B فازا 22 سېلسىيە گرادۇس، C فازا 20 سېلسىيە گرادۇس...» كوناشەھەر ناھىيەسى خەلق جەنۇبىي يولىدىكى بىر ئىستولبىنىڭ يېنىدا، دۆلەت ئېلېكتر تورى كوناشەھەر ناھىيەلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى توك تەقسىملەش، يۈرۈشتۈرۈش - ئاسراش، جىددىي رېمونت قىلىش بەنىنىڭ بەنجاڭى پەرھات مەمەت قولىدا ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق تەسۋىر ھاسىل قىلىپ تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئەسۋابىنى ئېلىپ، بىر ئورۇندىكى توك ئۈزگۈچنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، خىزمەتداشى ئەلاجان ئابلىمىت ئۇنىڭ يېنىدا تۈرلۈك پارامېتىرلارنى ئەستايىدىل خاتىرىلىدى.

پەرھاتنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن 1 - نومۇرلۇق ئىستولبىدىن 105 - نومۇرلۇق ئىستولبىغىچە بولغان توك لىنىيەسىنى چارلاپ تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئىكەن، پۈتۈن مۇساپە تەخمىنەن بەش كىلومېتىر بولۇپ، بىر قېتىم چارلاپ تەكشۈرۈشكە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدىكەن. بۇ توك لىنىيەسىنى ئۇلار ھەر كۈنى ئىككى قېتىم چارلاپ تەكشۈرىدىكەن.

«يۇقۇم مەزگىلىدە، شىركەتتىكى 75 خادىم ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، 24 سائەت بۇيرۇق كۈتۈپ، ھەر ۋاقىت كاشىلىلارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە جىددىي رېمونت قىلىپ، توك بىلەن تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.» دۆلەت ئېلېكتر تورى كوناشەھەر ناھىيەلىك توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋېي يىڭچۈن مۇنداق دېدى: خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شىركىتىمىز يەنە كەسپىي كۈچلەرنى ئاجرىتىپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيەسىنى كۆزەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «توردىكى دۆلەت ئېلېكتر تورى» APPسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئاھالىلەرنى ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ توردا توك سېتىۋېلىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئاھالىلەرنى توك سېتىۋېلىش تېخىمۇ قولايلىق، تېز بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

شۇ كۈنى، مۇخبىر يەنە كوناشەھەر ناھىيەلىك شەھەر، يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ شىركەتنىڭ ھەق ئېلىش ئورنىدا، كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ توققۇزاق بازىرى گۈلباغ مەھەللىسىدىن كەلگەن پىدائىي قەدىرىيە ئەسقەر ئاھالىلەر ئۈچۈن سۇ سېتىۋېلىۋاتاتتى. «مەن ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىمەن، تىجارەتچى خادىملار چۈشتە دەم ئالمايدۇ، كەلسەملا سېتىۋالالايمەن» دېدى قەدىرىيە.

كوناشەھەر ناھىيەلىك شەھەر، يېزا سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ليۇ چۈاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، بۇ شىركەتتە جەمئىي 29 كىشى ئىش ئورنىدا تۇرغان، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 11 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان نوپۇس 80 مىڭدىن ئاشقان. «بىز جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قوشۇنى قۇرۇپ، سۇ تۇرۇبىسى يېرىلىپ كېتىش قاتارلىق تاسادىپىي يۈز بەرگەن كاشىلىلارنى دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ جىددىي رېمونت قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ نورمال سۇ ئىشلىتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سۇ سېتىش كۆزنىكى پۈتۈن كۈن نورمال تىجارەت قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ سۇ سېتىۋېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇردى» دېدى ليۇ چۈاڭ.